بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

19- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


## بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَوَلَّوْا عَنْهُ وَأَنْتُمْ تَسْمَعُونَ ۞ وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ قَالُوا سَمِعْنَا وَهُمْ لَا يَسْمَعُونَ ۞ إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ ۞ وَلَوْ عَلِمَ اللَّهُ فِيهِمْ خَيْرًا لَأَسْمَعَهُمْ وَلَوْ أَسْمَعَهُمْ لَتَوَلَّوْا وَهُمْ مُعْرِضُونَ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۆئمىنلەر! الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار [20]. ئاڭلىماي تۇرۇپ <ئاڭلىدۇق> دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار [21]. شۈبھىسىزكى، الله نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى-يامانني پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر [22]. ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى [23].» (سۈرە ئەنفال 20- ئايەتتىن 23- ئايەتكىچە).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَوَلَّوْا عَنْهُ وَأَنْتُمْ تَسْمَعُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار».

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى بۇ ئايەتتە مۆئمىن بەندىلىرىنى الله تعالى غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى الله تعالى غا كۇفرىلىق قىلىپ قارشى چىققان كاپىرلارغا ئوخشاپ قىلىشتىن توسىدۇ. يەنى، الله نىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى چاقىرغان نەرسىلەرنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشنى تەرك ئەتمەڭلار، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن يېنىڭلار».

﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ قَالُوا سَمِعْنَا وَهُمْ لَا يَسْمَعُونَ﴾ «ئاڭلىماي تۇرۇپ <ئاڭلىدۇق> دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار» دېگەن ئايەت ھەققىدە ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مۇناپىقلاردۇر چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەقنى ئاڭلىغاندەك ۋە ئۇنى قوبۇل قىلغاندەك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنداق ئەمەس. الله تعالى بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئادەم ئەۋلادى ئىچىدىكى ئەخلاق ۋە يارىتىلىش جەھەتتە ئەڭ پەسكەش كىشىلەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللَّهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ﴾ <شۈبھىسىزكى، الله نىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى-يامانني پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر>. ئەنە شۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پەسكەشلىرىدۇر چۈنكى ئۇلاردىن باشقا ھەرقانداق ھايۋان الله تعالى نىڭ ئۇنى يارىتىشتىكى ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ، ئۇلار بولسا الله تعالى غا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان تۇرۇقلۇق الله تعالى غا كۇفرىلىق قىلدى شۇڭا الله تعالى ئۇلارنى چارۋا ماللارغا ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَثَلُ الَّذِينَ كَفَرُوا كَمَثَلِ الَّذِي يَنْعِقُ بِمَا لَا يَسْمَعُ إِلَّا دُعَاءً وَنِدَاءً﴾ <كاپىرلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلغۇچى — خۇددى مەنىسىنى چۈشەنمەي تاۋۇشنى ۋە نىدانىلا ئاڭلايدىغان چاھارپايلارنى چاقىرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ> (سۈرە بەقەرە 171- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

﴿أُولَئِكَ كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ أُولَئِكَ هُمُ الْغَافِلُونَ﴾ <ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر> (سۈرە ئەئراف 179- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)» («ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

﴿وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ قَالُوا سَمِعْنَا وَهُمْ لَا يَسْمَعُونَ﴾ «ئاڭلىماي تۇرۇپ (يەنى ئاڭلىغانغا بويسۇنماي تۇرۇپ <ئاڭلىدۇق (يەنى ئاڭلىغانغا بويسۇندۇق)> دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار».

بۇ ئايەت ھەققىدە ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: [الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان مۆئمىنلەرگە الله تعالى: «ئى مۆئمىنلەر! سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنغان الله نىڭ كىتابىنى ئاڭلىغان چاغدا ئۇنىڭغا بويسۇنماي تۇرۇپ الله نىڭ ئەلچىسىگە قارشىلاشقان ھالدا: <ئاڭلىدۇق (يەنى ئاڭلىغانغا بويسۇندۇق)> دېگەن مۇشرىكلارغا ئوخشاش بولماڭلار» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇلار قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغان نەرسىلىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، ئۇلار ئاڭلىغان نەرسىلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ۋە قەلبلىرى يادقا ئېلىشنى، ئويلىنىشنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنمەيدۇ شۇڭلاشقا الله تعالى گەرچە ئۇلار قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرى بىلەن مەنپەئەتلەنمەيدىغان قىلىپ قويدى] («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

﴿وَلَوْ عَلِمَ اللَّهُ فِيهِمْ خَيْرًا لَأَسْمَعَهُمْ وَلَوْ أَسْمَعَهُمْ لَتَوَلَّوْا وَهُمْ مُعْرِضُونَ﴾ «ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى؛ ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ ئۇلار ھەقتىن ئەلۋەتتە يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى».

بۇ ھەقتە ئىبنى كەسىر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى ئۇلارنىڭ ھەقنى توغرا چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى ۋە توغرا نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: <ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقنى) ئاڭلىتاتتى>. يەنى، الله تعالى ئۇلارغا ھەقنى چۈشەندۈرەتتى لېكىن ئۇلاردا ياخشىلىق يوق شۇڭا الله ئۇلارغا ھەقنى چۈشەندۈرمەيدۇ چۈنكى <الله ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ> يەنى ھەقنى چۈشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، <ئۇلار ئەلۋەتتە ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن ھالدا باش تارتاتتى>، يەنى الله ئۇلارنىڭ ھەقنى چۈشەنگەندىن كېيىن تەرسالىق قىلىپ ھەقتىن قەستەن باش تارتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى» (تەپسىر ئىبنى كەسىر»دىن ئېلىندى.

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «<ئەگەر الله ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى> يەنى ياخشىلىق بار دەپ قارىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ۋە ئىبرەتلىرىنى ئاڭلاتقان بولاتتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق الله نىڭ ھۆججەتلىرىنى چۈشىنەلەيتتى لېكىن الله ئۇلاردا ياخشىلىقنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئۇلارغا بەختسىزلىك يېزىلىپ كەتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ناۋادا الله ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى بىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئۈچۈن چۈشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ ئەلۋەتتە ئۇلار الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىدىن يۈز ئۆرۈيتتى. ئۇلار الله نىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرى ۋە ئىبرەت ھۆججەتلىرى باشلاپ قويغان ئىماندىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەردۇر ۋە ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ھەققە گەدەنكەشلىك قىلغۇچىلاردۇر» («تەپسىر تەبەرى»دىن ئېلىندى).

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە يەنە الله تعالى نىڭ ھەممە شەيئىنى قورشاپ تۇرغۇچى، ھەممە شەيئىنى ياراتقۇچى، بارلىق تىرىك مەۋجۇداتقا رىزىق بەرگۈچى ۋە ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ «(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟! ئۇ شەيئىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر» (سۈرە مۈلك 14- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾ «الله ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (الله نىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر» (سۈرە زارىيات 58- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە الله تعالى نىڭ يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىغا* ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئۇلار يەنە الله تعالى نىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە، مەخلۇقاتلىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىگە، ئىلمىنىڭ ھەممە شەيئىنى قورشاپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئۇلار الله نىڭ ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىغا الله تعالى ئۆز كىتابى قۇرئان كەرىمدە، بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمدىكى يەتتە ئايەتتە خەۋەر بەرگىنى بويىچە «تَكْيِيف» قىلماستىن (يەنى الله تعالى نىڭ «ئەرش ئۈستىدە قارار ئېلىش» دېگەن سۈپىتىنىڭ شەكلىنى بايان قىلماستىن) ئىمان كەلتۈرىدۇ.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾ «مەرھەمەتلىك الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى» (سۈرە تاھا 5- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ﴾ «الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى» (سۈرە ھەدىد 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَأَمِنْتُمْ مَنْ فِي السَّمَاءِ أَنْ يَخْسِفَ بِكُمُ الْأَرْضَ فَإِذَا هِيَ تَمُورُ ۞ أَمْ أَمِنْتُمْ مَنْ فِي السَّمَاءِ أَنْ يُرْسِلَ عَلَيْكُمْ حَاصِبًا فَسَتَعْلَمُونَ كَيْفَ نَذِيرِ ۞﴾ «(ئى كۇففارلار!) ئاسماندىكى زاتنىڭ يەر تەۋرىگەن چاغدا سىلەرنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشىدىن قورقماسىلەر؟ [16] ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرۇشىدىن قورقماسىلەر؟ (سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا) مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى (يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر [17]» (سۈرە مۈلك 16-، 17- ئايەتلەر).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ﴾ «ياخشى سۆز الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ» (سۈرە فاتىر 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَخَافُونَ رَبَّهُمْ مِنْ فَوْقِهِمْ﴾ «ئۇلار ئۆز ئۈستىدىكى پەرۋەردىگارىدىن قورقىدۇ» (سۈرە نەھل 50- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ﷺ ھەم مۇنداق دېگەن: «مەن ئاسماندىكى زاتنىڭ ئامانەتدارى تۇرسام، ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەرش ۋە كۇرسىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەرش بولسا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىدۇر ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ چوڭى، ئەڭ كاتتىسى ۋە ئۇلۇغىدۇر. ئۇ — ئالەمنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەزگە ئوخشاشتۇر. ئەرشنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرى بار بولۇپ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ﴾ «الله تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر» (سۈرە نەمل 26- ئايەت).

كۇرس بولسا ئەرشنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان، الله تعالى ئىككى قەدىمىنى قويىدىغان ئورۇندۇر. كۇرس ئەرشكە نىسبەتەن پايانسىز چۆلدىكى بىر تال ھالقىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلَا يَئُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ﴾ «الله نىڭ كۇرسى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ ماكان ۋە مەرتىۋە جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر ۋە ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر» (سۈرە بەقەرە 255- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

---

* ئىزاھات: «الإستواء عَلَى العَرْشِ وَالْعُلُوُّ» (يەنى ئەرش ئۈستىدە قارار ئېلىش ۋە ئۈستۈنلۈك) بولسا الله تعالى نىڭ سۈپىتىدۇر. بىز الله تعالى نىڭ بۇ سۈپىتىنى «ئۆزىنىڭ بۈيۈكلۈكىگە لايىق رەۋىشتە بار» دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. سەلەف سالىھلار «الإستواء» دېگەن سۆزنى «عَلا (ئۈستىگە چىقتى)، اِرْتَفَعَ (ئۆرلىدى)، صَعَدَ (ئۈستىگە چىقتى)، اِسْتَقَرَّ (قارار ئالدى)» دېگەن مەنىلەردە تەپسىر قىلغان. ئۇلار «الإستواء» دېگەن سۆزنى تەپسىر قىلىشتا بۇ مەنىلەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمىگەن. «الإستواء» دېگەن سۆز سەلەف سالىھلارنىڭ تەپسىرىدە «اِسْتَوْلَى (ئىشخال قىلدى)، مَلَكَ (ئىگەللىدى) قَهَرَ (بويسۇندۇردى)» دېگەن مەنىلەردە كەلمىگەن. ئىمام ئىبنى ئىسھاق بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەھلى ئىلىملەر شۇنىڭغا بىرلىككە كەلگەنكى، الله تعالى ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ زات يەتتىنچى قات زېمىننىڭ ئاستىدىكى نەرسىنىمۇ بىلىدۇ» (بۇ سۆزنى ئىمام زەھەبى «العلو للعلي الغفار» دېگەن كىتابتا نەقىل قىلغان).



# تارىخقا نەزەر

## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىس: «ئۇلارنى تاپسام ئىدىم ئاد ۋە سەمۇد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرگەن بولاتتىم» («سەھىھ بۇخارى» 3344- ۋە «سەھىھ مۇسلىم» 1064- ھەدىسنىڭ بىر قىسمى). دېمەك، خاۋارىجلارغا ئۇرۇش قىلىش «قتال إستئصال (يەنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۇرۇشى)»دۇر چۈنكى الله تعالى ئاد ۋە سەمۇد قەۋمىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ ھالاك قىلغان.

خاۋارىجلارنى «كاپىر» دېگەن ئالىملارنىڭ ئىختىلاپى شاز (يەنى ئوچۇق ھۆكۈمگە ياكى ئىجماغا خىلاپ) ئىختىلاپ ئەمەس بەلكى نوپۇزلۇق (يەنى بۇ كۆز قاراشنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان، مۇنكەر دېگىلى بولمايدىغان) ئىختىلاپتۇر. ئەمما بىزنىڭ نەزىرىمىزدە كۈچلۈك كۆز قاراش ئۇلار مۇرتەد ئەمەستۇر.

### 3 ـ پەسىل: خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

تارىخشۇناس ۋە پىرقىشۇناس ئالىملار خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى بېكىتىشتە ئىختىلاپ قىلىشتى. بۇ ئىختىلاپلارنىڭ خۇلاسىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ زامانىسىدا چىققان.

2. ئۇلار ئوسمان رضي الله عنه نىڭ زامانىسىدا چىققان.

3. ئۇلار تەلھە ۋە زۇبەير رضي الله عنهما لار ئەلى رضي الله عنه غا قارشى چىققان ۋاقىتتا پەيدا بولغان.

4. ئۇلار مۇھەككىمە خاۋارىجلىرى ئەلى رضي الله عنه نىڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چىققاندا پەيدا بولغان. مانا بۇ كۈچلۈك كۆز قاراش.

5. ئۇلار ھىجرىيە 64- يىلى نافىي ئىبنى ئەزرەقىي (يەنى ئەزارىقە خاۋارىجلىرىنىڭ كاتىتىۋېشى)نىڭ زامانىسىدا ئاشكارا بولغان.

بىز تۆۋەندە يۇقىرىقى قاراشلارنى مۇنازىرە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سەھىھ كۆز قاراشنى ئايرىپ چىقىمىز.

بىرىنچى كۆز قاراشقا كەلسەك، بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى خاۋارىجلارنىڭ بوۋىسى ئابدۇللاھ زۇلخۇۋەيسىرە تەمىمىينىڭ ھۇنەين غازىتىدا چۈشكەن غەنىيمەتلەر تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىدىن يۈزىگە: «ئى مۇھەممەد! الله تىن قورق، ئادىل بول. بۇ تەقسىماتتا الله نىڭ رازىلىقى كۆزدە تۇتۇلمىدى» دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى.

بۇ كۆز قاراشنى ئۆلىمالاردىن نۇرغۇنلىرى قوللايدۇ. ئۇلاردىن شەھرىستانى، ئىبنى ھەزىم، ئىبنى جەۋزى ۋە ئاجۇرى قاتارلىقلار: «لېكىن خاۋارىجلىق سۈپىتىنىڭ مەلۇم بىر قىياپەتتە باشلىنىشى بىلەن خاۋرىجلارنىڭ ئالاھىدە كۆز قاراش ۋە كۈچلۈك بىر تەشكىلاتقا ئىگە بىر پىرقە سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش لازىم. مەسىلەن، زۇلخۇۋەيسىرە ئەمەلىيەتتە خاۋارىجلارنىڭ قوماندانى ھېسابلانمايتتى چۈنكى ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئۆزى بىلەنلا چەكلەنگەن، كۆپىنچە ھاكىملار ئالدىدا يۈز بېرىدىغان شەخسى ھادىسە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرەر پارتىيىسى ۋە ئۇنى كۈشكۈرتىدىغان ھېچبىر ئادەم يوق ئىدى. ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگىنى پەقەت ئۇنىڭ غەنىيمەتكە بولغان تاماخورلۇقى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان ئەدەبسىزلىكىدۇر. دېمەك، بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، خاۋارىجلىق خاھىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانىسىدا ئۇرۇق بولۇپ تىكىلىشكە باشلىغان. يەنى ئاشكارا بىر پىرقە سۈپىتىدە مەيدانغا چىقمىغان» دەپ قارايدۇ («موسوعة الفرق (خاۋارىجلارنىڭ كېلىپ چىقىشى)» دېگەن پەسلىدىن ئېلىندى).

ئىككىنچى كۆز قاراش بولسا، ئىبنى كەسىر ۋە ئىبنى ئەبۇ ئىز رحمه الله قاتارلىق بەزى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ، بۇنىڭغا مۇنداق رەددىيە بېرىمىز.

ئەنە شۇ باغى قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتى بولسا ئوسمان رضي الله عنه نى ئۆلتۈرۈپ مالنى ئېلىۋېلىش بولغان. بۇلارغا مەخسۇس بىر بۆلەك ئەقىدىلەرگە ئىگە بولغان بىر پىرقىنىڭ سۈپىتى ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئوسمان رضي الله عنه غا بۇ جىنايەتنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سىڭىشىپ كەتكەن ھەمدە مۇستەقىل بىر پىرقە بولۇپ شەكىللەنمىگەن. گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ئىتائەتتىن چىقىش ۋە ئەمىرگە قارشى چىقىش ھېسابلانسىمۇ لېكىن ئۇلار ئىلگىرى بايان قىلغىنىمىزدەك خاس بىر سىياسىي ئەقىدىلەرگە ئىگە بولغان بىر پىرقە سۈپىتىدىكى خاۋارىجلار ئەمەس.

ئۈچىنچى كۆز قاراش بولسا، ئىبازىيە خاۋارىجلىرىنىڭ موللىسى لور جىلانىنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇ سۆز باتىلدۇر چۈنكى تەلھە ۋە زۇبەير رضي الله عنهما لارنى «خاۋارىج» دەپ سۈپەتلەش دۇرۇس بولمايلا قالماستىن بەلكى بىر پىرقە ھالىتىدىكى خاۋارىجلىق سۈپىتى بۇ ئىككىسىگە ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككىسىنىڭ سېپىدە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رضي الله عنها مۇ بارئىدى. الله ئائىشە رضي الله عنها نىڭ مۇئمىنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن. تەلھە ۋە زۇبەير رضي الله عنهما لار بولسا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن 10 ساھابىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بەشىنچى كۆز قاراشنى ئىبازىيە موللىلىرىدىن باشقا ھېچكىم دەپ باقمىغان چۈنكى مۇھەككىمە خاۋارىجلىرى بىلەن ئۇلاردىن كېيىنكى ئەزارىقە خاۋارىجلىرى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىبازىيە موللىلىرى ئىنكار قىلىشىدۇ. بۇ ئىنكار باتىلدۇر چۈنكى مۇھەككىمە خاۋارىجلىرىنىڭ ۋەقەلىكلىرى نافىي ئىبنى ئەزرەقىينىڭ مەيدانغا چىققان دەۋرىگە قەدەر زەنجىرسىمان ھالدا مەۋجۇت بولغان.

دېمەك، كۈچلۈك كۆز قاراش بولسا 4- خىل قاراشتۇر. يەنى خاۋارىج دېگەن ئىسىم — سىياسىي بىر ئېقىم ۋە خاس كۆز قاراشلارغا ئىگە بولغان ھەمدە خەلىپە ئەلى رضي الله عنه نىڭ قوشۇنىدىن چىقىپ مەشھۇر نەھرىۋان جېڭىدە ئەلى رضي الله عنه بىلەن ئۇرۇشقان ئەنە شۇ تائىپىگە قويۇلغان ئىسىمدۇر. كېيىنكى دەۋردىكى ئالىملار خاۋارىج بولۇشنىڭ شەرتى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ناھەق كاپىرغا چىقىرىش ۋە ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشنى ھالال ساناشتىن ئىبارەت ئىككى شەرت) تېپىلغان ھەر قانداق تائىپىنى «خاۋارىج» دەپ ئاتىغان.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ عَبْدِ اللَّهِ إبْنِ عُمَرْ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ ﷺ قَالَ: «لَا يَبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْضٍ وَلَا يَخْطُبْ بَعْضُكُمْ عَلَى خِطْبَةِ بَعْضٍ» (رَوَاهُ مُسْلِمٌ).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن (يەنى ئۇنىڭ سودىسىنى بۇزمىسۇن)! شۇنداقلا مۇسۇلمان قېرىندىشى توي قىلىش تەكلىپى قويغان ئايالغا ئەلچى بولمىسۇن» (مۇسلىم توپلىغان).

ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يبيع الرجال على بيع أخيه ولا يخطب على خطبة أخيه إلا أن يأذن له».

«بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن ۋە قېرىندىشى سۆز ئاچقان (توي تەلىپى قويغان) ئايالغا توي تەلىپى قويمىسۇن لېكىن قېرىندىشى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان بولسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا» (مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن مۇئمىنىنىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇئمىنگە قېرىندىشىنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشى ۋە قېرىندىشى يېڭىۋالمىغۇچە تويلاشماقچى بولغان ئايالغا توي تەلىپى قويۇشى ھالال بولمايدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

يۇقىرىقى ھەدىسلەر قېرىندىشى توي تەلىپى قويغان ئايالغا باشقىلارنىڭ ئۈستىلەپ توي تەلىپى قويۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئاشكارا دەلىلدۇر. ئەگەر بىر كىشى بىر ئايالغا توي تەلىپى قويسا، ئاندىن ئايال تەرەپ ماقۇل بولغانلىقىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن بولسا، دېيىشكەن ئەر ماقۇل بولغان ئايالغا باشقىلارنىڭمۇ توي تەلىپى قويۇشىغا رۇخسەت بەرمىسە ياكى توي تەلىپى قويۇشتىن ۋاز كەچمىسە باشقىلارنىڭ ئۇ ئايالغا توي تەلىپى قويۇشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئالىملار ئىجماغا كەلدى.

مۇبارەك فورى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرىڭلارنىڭ سۆز ئاچقان (توي تەلىپى قويغان) ئايالىغا توي تەلىپى قويمىسۇن» دېگەن ھەدىسىنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يەنى، تويلۇققا (توي قىلىشقا) ۋە ئىككىسى بىر-بىرىگە مايىل بولۇشقا مۇۋاپىق كەلگەندىن كېيىن باشقا بىرىڭلار گەپلەشمىسۇن دېگەن بولىدۇ» («تحفة الأحوذى»دىن ئېلىندى).

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### بەدر غازىتىدا ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى

بۇ جەڭ مۇشرىكلارغا نىسبەتەن ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەت، مۇسۇلمانلارغا بولسا كاتتا غەلىبە ئېلىپ كەلدى. بۇ جەڭدە مۇھاجىرلاردىن 6 كىشى، ئەنسارىلاردىن 8 كىشى بولۇپ، جەمئىي 14 كىشى شەھىد قىلىندى ئەمما مۇشرىكلاردىن 70 ى ئۆلتۈرۈلدى، 70 ى ئەسىرگە ئېلىندى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەككىنىڭ كاتتىلىرى، قوماندانلىرى ۋە ئاقساقاللىرى ئىدى.

ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ كاپىرلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى ۋە ئۇلارغا قاراپ: «سىلەر ئۆز پەيغەمبىرىگە نېمىدېگەن يامان مۇئامىلە قىلغان جەمەت-ھە! سىلەر مېنى يالغانغا چىقارغان ئىدىڭلار، كىشىلەر مېنى تەستىقلىدى؛ سىلەر مېنى ياردەمسىز قويغان ئىدىڭلار، كىشىلەر ماڭا ياردەم قىلدى؛ سىلەر مېنى يۇرتۇمدىن قوغلاپ چىقارغان ئىدىڭلار، كىشىلەر ماڭا ئورۇن بەردى» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى بەدر قۇدۇقلىرىدىن بولغان بىر قۇدۇققا تاشلاشقا بۇيرۇدى، ئۇلار سۆرەپ ئاپىرىلىپ شۇ قۇدۇققا تاشلاندى.

ئەبۇ تەلھە رضي الله عنه دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر كۈنى قۇرەيش كاتتىلىرىدىن 24 نى بەدردىكى ئەڭ سېسىق، ئەڭ مەينەت قۇدۇققا تاشلاشقا بۇيرۇغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتىكى جەڭ ئادەتلىرىدە بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا جەڭ مەيدانىدا 3 كۈن تۇراتتى. بەدر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ جەڭ مەيدانىدا 3 كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۇلىغىنى توقۇشقا بۇيرۇدى-دە، ساھابىلىرى بىلەن بىر قۇدۇق بېشىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىشقا باشلاپ: «ئى پالانىنىڭ ئوغلى پالانى، پالانىنىڭ ئوغلى پالانى! الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقىڭلارغا پۇشايمان قىلىۋاتامسىلەر؟ ھەقىقەتەن بىز رەببىمىزنىڭ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ھەق تاپتۇق. سىلەرمۇ رەببىڭلارنىڭ ۋەدىسىنى ھەق تاپتىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رضي الله عنه: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، روھسىز جەسەتلەرگە گەپ قىلىۋاتامسەن؟» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئۇلاردىن بەكرەك ئاڭلىيالمايسىلەر» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلار سىلەردىن بەكرەك ئاڭلايدۇ لېكىن ئۇلار جاۋاب قايتۇرالمايدۇ» دەپ كەلگەن.

### مەغلۇبىيەت خەۋىرى مەككىگە يېتىپ كەلدى

مۇشرىكلار جەڭ مەيدانىدىن ئىنتايىن چۇۋالچاق ۋە تەرتىپسىز قاچقان ئىدى. ئۇلار چوڭقۇر ئويمانلىق ياكى تاغ جىلغىلىرىغا قاراپ ئەقلى-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا جەڭ مەيدانىدىن پاتىپاراق بولۇپ جەنۇب تەرەپكە قاچتى، ئۇلار نومۇستىن مەككىگە قانداق كىرىشنى بىلمەيتتى. ئىبنى ئىسھاق رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «قۇرەيشلەرنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى مەككىگە تۇنجى بولۇپ ئېلىپ كىرگەن كىشى ھەيسمان ئىبنى ئابدۇللاھ خۇزائى بولدى. ئۇ مەككىگە كىرىۋېدى، كىشىلەر يىغىلىپ: <كەينىڭدىكىلەر قېنى؟> دەپ سوراشتى. ھەيسمان ئىنتايىن ھالسىرىغان ھالدا: <ئۇلار يوق، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئەبۇلھەكەم (ئەبۇ جەھىل) ئىبنى ھىشام، ئۇمەييە ئىبنى خەلەفلەر ئۆلتۈرۈلدى> دەپ قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بىر قانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى.

ھەيسمان قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بەدردە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى <پالانى ئۆلتۈرۈلدى، پۇستانى ئەسىر ئېلىپ كېتىلدى> دەپ بىر-بىرلەپ ساناپ بەرگىلى تۇرىۋېدى، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە (ئۇ بۇ چاغدا كەئبىنىڭ ھىجرى تەرىپىدە ئولتۇراتتى): <الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەقلىدىن ئادىشىپ قاپتۇ، ئۇنىڭدىن مېنى سوراپ بېقىڭلار> دېدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: <سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە قانداق بولدى؟> دەپ سورىۋېدى، ھەيسمان: <ئەنە، سەفۋان دېگەن ئاۋۇ ھىجرىدە ئولتۇرمامدۇ!؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە قېرىندىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم> دېدى».

ئەبۇ رافىئە رضي الله عنه (پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئازادگەردىسى) مۇنداق دېگەن: «مەن ئەسلىدە ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قۇلى (چاكىرى) ئىدىم. بىزنىڭ ئائىلىگە ئىسلام خېلى بۇرۇنلا نۇر چاچقان ئىدى. ئابباس، ئۇممۇلفەزلى ۋە مەن ئاللىبۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ئىدۇق بىراق ئابباس ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بەدر ئۇرۇشىدا ئەبۇ لەھەب ئۇرۇشقا چىقماي مەككىدە قالغانىدى. ئۇ ھەيسمان ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى، بىز كۆڭلىمىزدە خۇشال بولدۇق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە شەرەپ ھېس قىلدۇق. مەن تېنىم ئاجىز بىر قۇل بولۇپ، پەقەت ئاياقچىلىق* ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىناتتىم. مەن ئۇلارنى زەمزەم بۇلىقىنىڭ يېنىدىكى بىر ھۇجرىدا ئويۇپ ياسايتتىم. الله بىلەن قەسەمكى، مەن شۇ كۈنى ئاشۇ ھۇجرىدا ئۆز ھۈنىرىم بىلەن مەشغۇل ئىدىم، يېنىمدا ئۇممۇلفەزلى (ئابباسنىڭ ئايالى)

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

ئۆلتۈراتتى، ئىككىمىز ھېلىقى خەۋەر ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇشتۇمتۇت ئەبۇ لەھەب ئىنتايىن غەمكىن ھالدا ئېغىر قەدەملەر بىلەن پايپاسلاپ يامان قىياپەتتە كەلدى ۋە ھۇجرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، مەن ھۇجرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ كەينىدىلا تۇرۇۋاتاتتىم. ئاشۇ پۇرسەتتە كىشىلەر ئۇنىڭغا: <مانا، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ قايتىپ كەپتۇ> دېيىشتى. ئەبۇ لەھەب: <بۇياققا كەل ئوغلۇم! جەزم قىلىمەنكى، سەن ھەقىچان ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئەبۇ لەھەبنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئادەملەر سانجاق-سانجاق بولۇپ ئەتراپتا ئۆرە تۇراتتى. ئەبۇ لەھەب ئۇنىڭغا: <ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كەتتى؟> دېدى. ئەبۇ سۇفيان: <قانداق بولاتتى، بىز ئۇلارغا ئاۋۋال قول سالدۇق، ئارقىدىن بولالماي دۈمبىمىزنى تۇتۇپ بەردۇق. ئۇلار خالىغانچە چېپىپ، خالىغانچە ئەسىر ئالدى. ﷲ بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنداقتىمۇ گۇناھنى ئۆز ئادەملىرىمگە قويمايمەن چۈنكى بىز ئاسماننىڭ قەھرىدە چىلانتورۇق ئاتلارغا مىنىۋالغان ئاق تونلۇق ئادەملەر بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق، ئۇلارغا ھېچنەرسە كار قىلمايدىكەن> دېدى».

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

---

* ئىزاھات: ئاياقچىلىق — قاچا-قۇچا ياساش كەسپى.

# «مەن قېرىنداشلىرىمنى قوغداش ئۈچۈن كەلدىم»، ئۇنداق بولسا سەن نېمىشقا قېرىنداشلىرىڭنى قوغدىمايسەن؟!


بوسنىيە مۇجاھىدلىرى

شەيخ ئەلى ھەيدەر «بوسنىيە جىھادىدا شەھىد بولغان ئەرەب مۇجاھىدلارنىڭ قىسسىلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 114- بېتىدە مۇنداق يازغان: [ھاماد ئەل قاتارى مۇنداق دېگەن: «پراۋۇسلاۋىيە خرىستىئان دۆلەتلىرى بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىغا قارشى سېربلارغا ياردەم قىلغان. بۇ دۆلەتلەر قاتارىدا رۇسىيەمۇ 400 ۋاگون ئوق-دورا ياردەم ئەۋەتكەن. بۇ پراۋۇسلاۋىيە خرىستىئان دۆلەتلىرىدىن خېلى جىق پىدائىيلار ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن خرىستىئانلىقنى قوغداپ مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇ پىدائىي خرىستىئانلار رۇسىيەدىن، بۇلغارىيەدىن، ۋېنگىرىيەدىن ۋە سىپرۇس قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن سەلىبىيلەرنىڭ سېپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلغان.

بۇ قىسسىلەرنىڭ بىرى بولسا ئىگمان تاغلىرىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقە بولۇپ، بۇ تاغدا مۇسۇلمانلار بىلەن سېرب كاپىرلىرىنىڭ جىڭى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. غەلىبە سابىت قەدەم تۇرغان مۇجاھىدلارنىڭ تەرىپىدە ئىدى. مۇجاھىدلار ئورۇنلىرىدا تۇرغان ۋاقىتتا 2 دانە پۇلىميوت (بىر دانە پۇلىميوت ئوق ۋە ساندۇقلىرى بىلەن تەخمىنەن 10 كىلوگرام) كۆتۈرۈۋالغان بىر ئېگىز بويلۇق، ئاق ساقاللىق بوۋاي ئۇلار تەرەپكە كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ بوۋاي يېقىنلاشقاندا مۇجاھىدلار دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ پىستىرما قىلىپ، بۇ بوۋاينى ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ. مۇجاھىدلار بۇ بوۋاينى ئەسىرگە ئالغاندىن كېيىن يانچۇقلىرىنى ئاختۇرسا پاسپورت چىققان، مۇجاھىدلار بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن چۈنكى بۇ سېرب ئەمەس بەلكى بۇلغارىيەدىن كەلگەن ئىكەن. ئاندىن مۇجاھىدلار بۇ بوۋايدىن نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، بوۋاي ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: <مەن بۇ يەرگە خرىستىئان قېرىنداشلىرىمنى قوغدىغىلى كەلدىم>»].

بۇ خرىستىئان باتىل دىنىدىكى قېرىنداشلىرىنى قوغدىغىلى كەلگەن يەردە، بىز مۇسۇلمانلار ھەق دىنىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنى قوغداشقا تېخىمۇ ھەقلىق ئەمەسمۇ؟!

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



# بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانى

«بلىتز كرىگ» دېگەن نېمىسچە سۆز بولۇپ، «بلىتز» ۋە «كرىگ» دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان. «بلىتز» بولسا «چاقماق» دېگەن مەنىدە، «كرىگ» دېگەن «جەڭ» دېگەن مەنىدىكى سۆزدۇر. «بلىتز كرىگ» بولسا ناھايىتى تېز سۈرئەتلىك ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

2003- يىلى 3- ئايدا ئىراقنىڭ غەربىي قىسىملىرىدا ئامېرىكا تانكىلىرى پەيدا بولدى. ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتى پۈتۈنلەي كىشىلەرنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقتى. ئىراق ئارمىيىسى «ئامېرىكا ئىراقنىڭ شەرق قىسمىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ» دەپ گۇمان قىلغان ئىدى بىراق ئىشلار باشقىچە ئېلىپ بېرىلدى. بۇ پىلان ھۇجۇم باشلىنىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن تۈزۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى مەخپىي تۇتۇلدى.

ئامېرىكا كاپىرلىرى باشچىلىقىدىكى ئەھلىسەلىب ئارمىيىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىراققا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تومىي فرانكىس بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن ئىدى: «بۇ قېتىمقى جەڭ تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر قېتىملىق جەڭ بولىدۇ. بۇ جەڭنىڭ پىلانى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىشلەتكەن ھالەتتە ناھايىتى تۈيۈقسىز ۋە جانلىق شۇنداقلا مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلدى».

تومىي فرانكىسنىڭ ئۇرۇش پىلانى ناھايىتى مۇھىم زامانىۋى ئەسكىرىي تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن ئىدى. بۇ پىلان 60 يىل ئىلگىرى گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىنى بېسىۋېلىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلغان قوماندانىنىڭ ئۇرۇش پىلانى بولغان «بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانى»دىن كەلگەن ئىدى.

تومىينىڭ ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر گېرمانىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش پىلانىنى ئاساس قىلىپ پىلان تۈزدى چۈنكى 2003- يىلىدىكى ئامېرىكىنىڭ ئىراققا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى بىلەن 1943- يىلىدىكى گېرمانىيىنىڭ فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتەتتى.

ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تاجاۋۇزچى ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى — دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىپ تۇرۇپ غەلىبىنى تېز سۈرئەتتە قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى ئارمىيە دۈشمەندە بولمىغان ئالاھىدە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلاندى. يەنى، 1943- يىلى گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدا، ھاۋادا ئۇرۇش ئايروپىلانى، يەردە تېز سۈرئەتلىك تانكا ۋە رادىئو ئالاقىسىدىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلاندى.

ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئىراققا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى، ئارىلىق

باغداد ئەھلىسەلىب ئارمىيىسىنىڭ كۇۋەيتتىكى بازىسىنىڭ 350 مىل (تەخمىنەن 563 كىلومېتىر) شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، ئارىلىق ھەقىقەتەن يىراق ئىدى.

ئىككىنچى، جۇغراپىيىلىك شارائىت

ئىراقتا چوڭ دەريادىن ئىككىسى بار بولۇپ، بىرى، غەرب تەرەپتىكى رىفقە دەرياسى؛ يەنە بىرى، شەرق تەرەپتىكى تىگرىس دەرياسىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى دەريانىڭ تۇتىشىش نۇقتىسى دېڭىزدىن 100 نەچچە مىل (بىر مىل تەخمىنەن 1.6 كىلومېتىرغا تەڭ) يىراق بولغان ئورۇندا بىر سازلىقنى پەيدا قىلغان، بۇ ئورۇندىن تانكا ئارقىلىق ئۆتۈش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. ئىراقنىڭ يول تۈزۈلۈشى ۋە دەريا-كۆللەرنىڭ جايلىشىشى ئەسكىرىي جەھەتتىن تاجاۋۇزچى ئارمىيە ئۈچۈن بىر قىيىنچىلىقنى پەيدا قىلغان ئىدى. يەر شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە ئەسكىرىي قىممىتى بار بولغان ئورۇنلارغا ئامېرىكا كاپىرلىرى ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئەلۋەتتە ئىراق ئارمىيىسىمۇ بۇ ئورۇنلارغا دىققەت قىلىپ مۇداپىئە چارىلىرىنى يولغا قويدى.

گەرچە ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش ئارىسىدا 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بىراق ئۇلارنىڭ ئۇرۇش پىلانى ئوخشاش بىر خىل فورمۇلا «بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانى» بويىچە تۈزۈلگەن ئىدى. بۇ پىلاننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئىراقنىڭ شىمالىي قىسمىغا كىرىشتىن ئىبارەت ئۇرۇش پىلانى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ بىر بۆلەك ماشىنىلاشقان قىسمى دېڭىز ئارقىلىق بۇ رايونغا يۆتكەلگەن ئىدى بىراق تۈركىيە خەلقى بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق تومىينىڭ بۇ پىلانىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ھەربىي پاراخوتلىرى تۈركىيە دېڭىز تەۋەلىكىدىن چېكىنىپ سۇۋەيش قانىلىغا قايتىپ كەتتى. ئامېرىكا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كۆپلىگەن ئىراقلىقلار ۋە ھەربىي ئانالىزچىلار ئامېرىكىنىڭ قايتىدىن ئۇرۇش پىلانى تۈزۈشى ئۈچۈن بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئارمىيىسى بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولغان «دۈشمەننى ئالداش»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇردى.

2003- يىلى 3- ئايدا، ئىراقلىقلار ئىنتايىن كەڭ كۆلەمدىكى ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ، بىر قېتىملىق چوڭ ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. خۇلاسىلىگەندە بلىتز كرىگ ئۇرۇش پىلانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى غەلىبىلىك ئورۇنلاندى.

(ﷲ خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

## ھەسەل سۈيىنىڭ شىپالىق رولى

خۇسۇسىيىتى: بەدەننى پارقىرىتىش، تەرەتنى يۇمشىتىش، قۇيۇق بەلغەم خىلىتىنى سۈرۈش، رەئىس ئەزالارنى (يۈرەك، مېڭە، جىگەر) ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش؛ سوغۇقتىن بولغان پەي كېسەللىكلىرى، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنى بېسىش؛ زەھەر قايتۇرۇش، سۈيدۈكنى ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق.

تەييارلاش ئۇسۇلى: ساپ يەرلىك ھەسەل بىر ھەسسە، ساپ يامغۇر سۈيى ياكى ساپ ئادەتتىكى سۇدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ، سۇس ئوتتا قايناتقىچە كۆپۈكى ئېلىنىدۇ. يېرىمدىن كۆپرەك قالغاندا ئېلىپ سۈزۈپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ «ئاددىي ھەسەل سۈيى» دېيىلىدۇ. كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن قوشۇپمۇ تەييارلىنىدۇ. بۇ «مۇرەككەپ ھەسەل سۈيى» دېيىلىدۇ.

ئاددىي تەييارلاش ئۇسۇلى: ساپ يەرلىك ھەسەل سۇس ئوتتا قايناتىلىپ كۆپۈكى ئېلىنىدۇ (بۇ «چەككىلەنگەن ھەسەل» دېيىلىدۇ). چەككىلەنگەن ھەسەلگە مۇۋاپىق مىقداردا قايناق سۇ قويۇپ، تەگشەپ تەييارلىنىدۇ.



# جىھاد جەبھىلىرى

■ 2- ئاينىڭ 20- كۈنى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى سۈرىيىنىڭ ھەلەب شەھرىنىڭ غەربىدىكى راشىدىن، مەنسۇرە قاتارلىق بىر قانچە رايونلارغا قاتتىق ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قىلىشى بىلەن تاغۇتلار ئارقىغا چېكىنگەن، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر تاغۇت ئەسكىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 2- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ خانئاباد رايونىدا مۇشۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 56 نەپەر ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولۇپ چىقىپ، مۇجاھىدلارغا قارشى قايتا قورال ئالماسلىققا ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. بۇ بولسا ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ دەۋەتلىرى نەتىجىسىدىن (إن شاء الله).

■ 2- ئاينىڭ 21- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى قەندىھار ۋىلايىتى شورابەك رايونىنىڭ رايون مەركىزىنى ۋە باش ھۆكۈمەت مەركىزىنى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان. بۇ بولسا قەندىھار ۋىلايىتىدىكى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن فەتىھ قىلىنغان تۆتىنچى رايون ئىكەن.

■ 2- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز ۋىلايىتى ئارچى رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ، ئايروپىلان ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 2- ئاينىڭ 24- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتى زەنجىبارى شەھرىدە يەمەن مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىري مەركىزىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەمەلىيەت ئاۋۋال بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىزنىڭ پىدائىيلىق قىلىشى بىلەن باشلانغان، ئارقىدىن بىر نەچچە نەپەر ئىنغىماسچى قېرىندىشىمىز باستۇرۇپ كىرىپ ئىچىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن قاتتىق ئېتىشىپ 10 نەچچە نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ۋە مەسئۇللارنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ماشىنىلارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

■ 2- ئاينىڭ 25- كۈنى سۈرىيىدىكى ھەيئەتۇ تەھرىر شام جامائىتىدىن 5 نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ھۇمۇس شەھرىدىكى دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنى ۋە ئىستىخبارات ئورگىنىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 40 قا يېقىن ئەسكەر ۋە ئەسكىري مەسئۇللار جەھەننەمگە ئۇزىغان، 50 كە يېقىنى يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ باشلىقى ھەسەن دۇبۇل ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم دەرۋىش قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇجاھىدلار بۇ ئورگاننىڭ كىرىش ئېغىزىغا مىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. ئارقىدىن ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ۋە دوختۇرلىرى ياردەمگە كەلگەندە بۇ مىنالارنى پارتلاتقان، نەتىجىدە كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلدىكى 3 مۇھىم رايونغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. ئاۋۋال مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز كابۇلدىكى ئەسكىري مەكتەپكە پارتلىغۇچى ماددىلار ئارقىلىق ھۇجۇم قىلغان، كېيىن كابۇلدىكى ساقچى مەركىزىگە ھۇجۇم قىلغان. بۇ ھۇجۇملاردىن كېيىن مۇرتەدلەرنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ياردەمگە كەلگەن ۋاقىتتا بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز پارتلىغۇچى ماددىلار بېسىلغان ئاپتوموبىلنى ياردەمچى قوشۇن تەرەپكە ھەيدەپ بېرىپ پارتلاتقان. ئاندىن مۇجاھىدلار كابۇلدىكى ئىستىخبارات مەركىزىگە ھۇجۇم قىلغان، نەتىجىدە بۇ ئەمەلىيەتلەر جەريانىدا 173 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ۋە ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ باغلان ۋىلايىتىدىكى تالاھ ۋە بەرفاك رايونلىرىنى فەتىھ قىلىپ، بۇ رايونلارنى مۇرتەدلەردىن تازىلىغان. نەتىجىدە كۆپلىگەن مۇرتەد ئەسكەرلەر جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە 13 نەپىرى ئەسىرگە ئېلىنغان. كۆپ مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 3- ئاينىڭ 2- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ مەھدايى شەھرىگە يېقىن بىر جايدا، سومالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 3- ئاينىڭ 2- كۈنى ھۇسى شىئەلىرى يەمەننىڭ رىدا ۋىلايىتى كىفا رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز رىباتتا تۇرۇۋاتقان نۇقتىلارغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنى سابىت قەدەم قىلىشى بىلەن بۇ ھۇسى شىئەلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنىپ، 10 نەچچە نەپەر شىئە ئەسكەرلىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە يارىلانغان.

■ 3- ئاينىڭ 2- كۈنى مالىدىكى 3 چوڭ جىھادىي جامائەتلەر بىر ئەمىرلىك ئاستىغا بىرلەشكەن. بۇ جىھادىي جامائەتلەر بولسا شەيخ ئىياد غالى ئەمىرلىكى ئاستىدىكى ئەنسارىددىن جامائىتى، يەھيا ئەبۇ ھامامنىڭ ئەمىرلىكى ئاستىدىكى سەھرا مەنتىقە ئىمارىتى ۋە مۇختەر بەلمۇختەر قۇرغان مۇرابىتۇن جامائىتى قاتارلىقلاردۇر.

بۇ جامائەتلەر 1980- يىلدىن باشلاپ مالى ھۆكۈمىتىگە قارشى جىھاد قىلىۋاتقان 63 ياشلىق شەيخ ئىياد غالىنى باش ئەمىرلىككە تەيىنلىگەن ۋە بۇ بىرلىكنىڭ ئىسمىنى «نۇسرەتۇل ئىسلام ۋەلمۇسلىمىن» دەپ قويغان. ئارقىدىن ئەلقائىدە جامائىتىنىڭ ئەمىرى شەيخ ئەيمەن زاۋاھىرى **حفظه الله** قا بەرگەن بەيئىتىنى يېڭىلاش بىلەن بىرگە، شام مۇجاھىدلىرىنىڭ بىر ئەمىرلىك ئاستىغا يىغىلغانلىقىنى تەبرىكلىگەن.

■ لىۋىيە مۇجاھىدلىرى بىنغازىنى قۇتقۇزۇش قوشۇنى تەشكىللەپ، 2017- يىلى 3- ئاينىڭ 3- كۈنى لىۋىيىنىڭ جۇفرا رايونىدىن بىر يىلدىن بېرى مۇھاسىرىدە تۇرۇپ يېقىندا قۇنفۇزا دېگەن رايوندىكى 12 بىنالىق كىچىك بىر جايغا قاپسىلىپ قالغان مۇجاھىد قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ھازىرغىچە ھىلال نىفىت رايونىنى ئۆز كونتروللىقىغا ئالغان. ئۇلار بۇ ھۇجۇم جەريانىدا مۇرتەد ھەفتەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 60 دانە ئەسكىري ماشىنا ۋە بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى غەنىيمەت ئالغان.

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| لَسْتِ | سىز ئەمەس (ئاياللىق) | اَنْتِ لَسْتِ بِعَالِمَةٍ | سىز ئالىم ئەمەس |
| لَسْتُنَّ | سىلەر ئەمەس (كۆپلۈك ئاياللىق) | اَنْتُنَّ لَسْتُنَّ بِعَالِمَاتٍ | سىلەر ئالىم ئەمەس |
| لَسْتُ | مەن ئەمەس | اَنَا لَسْتُ بِكَاذِبَةٍ | مەن يالغانچى (ئايال) ئەمەس |
| لَسْنَا | بىز ئەمەس (كۆپلۈك) | نَحْنُ لَسْنَا بِكَاذِبَاتٍ | بىز يالغانچى (ئايال) ئەمەس |
| وَاحِدٌ | بىر | إِلٰهُكُمْ إِلٰهٌ وَاحِدٌ | سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر |
| أَحَدٌ | بىرسى، ھېچبىر | مَا اَحَد بِغَنِيّ | ھېچبىر كىشى باي ئەمەس |
| أَصْلًا | ئەسلا | هَذَا الشَّيْخُ لَيْسَ بِضَعِيفٍ اَصْلاً | بۇ بوۋاي ئەسلا ئاجىز ئەمەس |
| الْبَتَّةَ | ئەلۋەتتە | هَذَا الشَّيْخُ لَيْسَ بِصَبِيٍّ الْبَتَّةَ | بۇ بوۋاي ئەلۋەتتە كىچىك بالا ئەمەس |
| صَبُورٌ | سەۋرچان | هُوَ صَبُورٌ | ئۇ سەۋرچان |
| صُبُرٌ | سەۋرچانلار | هُمْ صُبُرٌ | ئۇلار سەۋرچان |
| عَجُولٌ | ئالدىراقسان | ذَاكَ الشَّيْخُ عَجُولٌ | ئاۋۇ بوۋاي ئالدىراقسان |
| عَجْلٌ | ئالدىراقسانلار | أُولئِكَ الشُّيُخُ عُجْلٌ | ئاۋۇ بوۋايلار ئالدىراقسان |

## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى رەسىمدىن پەقەت ئىككى تاللا سەرەڭگە تېلىنى يۆتكەش ياكى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق تەڭلىمىنى توغرىلىيالامسىز؟




2. بۇ تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

بىلەلمەيسەن سانىنى،
ئۇ بولغاچقا سەن گۈزەل.
قارا ئاقىقا ئۆزگىرەر،
تۆكۈلگەنچە كۆپ بەدەل.
جاۋابىنى كۈتىمەن،
توغرا تاپقانغا قەدەر.

## پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### ئىرىمچىك (جُبْنٌ)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ گە تەبۇكتە ئىرىمچىك كەلتۈرۈلدى، ئۇ پىچاق ئەكەلدۈرۈپ <بىسمىللاھ> دەپ كەستى» («ئەبۇ داۋۇد» 3819- ھەدىس). ساھابىلەر ئۇنى شام ۋە ئىراقتا يېگەن.

ئىرىمچىكنىڭ تۇزسىز ھۆلى ئاشقازانغا ياخشى، ئەزالارغا سىڭىشى ئاسان، سەمرىتىدۇ، قورساقنى نورمال يۇمشىتىدۇ، تۇزلۇقى ھۆلىگە قارىغاندا ئۇزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەنرەك. ئۇ ئاشقازانغا ماس كەلمەيدۇ، ئۈچەيلەرگە ئەزىيەت بېرىدۇ، كونىسى ۋە ئوتتا پىشۇرغىنى قورساقنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۇ جاراھەتكە پايدا قىلىدۇ، يۆتەلنى توسايدۇ.

ئۇ ھۆل سوغۇق، ئۇنى ئوتتا پىشۇرسا مىزاجغا مۇۋاپىق كېلىدۇ چۈنكى ئوت ئۇنى ياخشىلاپ نورماللاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ جەۋھىرىنى يۇمشىتىدۇ، تەمى ۋە پۇرىقىنى ياخشى قىلىدۇ. تۇزلانغان كونىسى قۇرۇق ئىسسىق، ئوتقا قاقلانغىنىمۇ شۇنداق چۈنكى ئوت ئۇنىڭ مۇناسىپ قۇرۇق ئىسسىقىنى تارتىپ كەتكەن. ئىرىمچىكنىڭ تۇزلۇقى ئادەمنى ئورۇقلىتىدۇ، يۈرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئاشقازانغا مۇۋاپىق ئەمەس، ئۇنىڭ يۇمشاتقۇچىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغىنى (ئاشقازانغا تەسىر قىلىش ئېغىر بولغاچقا) تېخىمۇ ناچار.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا **الله تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

**والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته**